شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 9 ـ ئاي
3
پەيشەنبە
维吾尔文 9 月3日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25173 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

# دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى ـ قالدۇردى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق تۆۋەندىكى باش ئەلچىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى ـ قالدۇردى:

بىرىنچى، ۋۇ پېڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كېنىيە جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

جوۋ پىڭجيەننى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كېنىيە جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

ئىككىنچى، سۇ جيەننى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ موزامبىك جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

ۋاڭ خېجۈننى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ موزامبىك جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

ئۈچىنچى، گېڭ ۋېنبىڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىۋېيتسارىيە فېدېراتسىيەسىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

ۋاڭ شىتىڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىۋېيتسارىيە فېدېراتسىيەسىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى

# بىر دانە ياڭاقنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشتىكى قالتىس كۈچى

خاس تېرىقچىلىقتا قانداق كۈچەش كېرەك ⑧

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ شىنخۇڭ

8 ـ ئايدىكى قاغىلىقتا، ھەممىلا يەردە بولۇق مېۋىلىگەن يېشىل ياڭاقلارنى كۆرگىلى بولىدۇ، ياپيېشىل ياڭاق دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدا تەبەسسۇملۇق چېھرىلەر ئۆمدىكە تولدى. بۇ يىل قاغىلىقتا ياڭاقلار كىشىنى خۇش قىلغۇدەك مېۋىلەپ، يەنە بىر مول ھوسۇل يىلى كۈتۈۋېلىندى.

«ھازىر، پۈتۈن ناھىيە بويىچە ھەربىر ئائىلىنىڭ ئوتتۇرىچە ياڭاقلىق كۆلىمى 6.5 مو بولۇپ، كىشى بېشىغا 25 تۈپ ياڭاق دەرىخى توغرا كېلىدۇ. كۆزگە ئانچە چېلىقىپ كەتمەيدىغان بىر دانە ياڭاقتىن پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقىچە، كىچىككىنە ياڭاق قاغىلىقتا ناھايىتى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ» دېدى قاغىلىق ناھىيەلىك ياڭاقنى كەسىپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش مەركىزى ۋە ياڭاق تەتقىقات ئورنى ئىشخانىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ساۋ جېڭ.

## ئۆستۈرۈشنى خاسلاشتۇرۇپ، «ئالتۇن قونچاق»قا ئېرىشتى

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى، خاس تېرىقچىلىق ھەرقايسى جايلاردا تەدرىجىي ئەۋج ئالدى، قاغىلىق ناھىيەسى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئىلمىي دەلىللەش ئارقىلىق «100 مىڭ مو، 1 مىليون تۈپ»تىن ئىبارەت خاس تېرىقچىلىق تەرەققىيات پىكىر يولىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەلا سورتلارنى ئۇلاپ ئۆزگەرتىشنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، ياڭاقنى كۆلەملەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى.

«بۇلتۇر، مەن 210 مو يەرگە ياڭاق كۆچىتى تىكتىم، ياڭاقتىن مو بېشىغا 468 كىلوگرام ھوسۇل ئېلىشتەك نەتىجە بىلەن ياڭاق ئۆستۈرۈشتە ‹جۇاڭيۈەن›لىكنى قولغا كەلتۈردۇم. ياڭاق مېنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى، ياڭاق ئۆستۈرۈشكە تېخىمۇ كۆڭۈل قويۇپ، تېخىمۇ كۆپ يۇرتداشلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا يېتەكلەيمەن» دېدى بۇ ناھىيەنىڭ بەشئېرىق يېزىسى سىيەك كەنتىدىكى ياڭاق ئۆستۈرۈش چوڭ ئائىلىسى مەمەتقادىر تۇرۇپ.

بۇلتۇر، قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ خاس باغ ـ ئورمان ئومۇمىي كۆلىمى 825 مىڭ موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ياڭاق ئۆستۈرۈش كۆلىمى 581 مىڭ 500 مو، ھوسۇلى 128 مىڭ 600 توننا بولۇپ، 2 مىليارد 12 مىليون يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلدى، باغ ـ ئورمانچىلىق ئومۇمىي

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇش

ئاپتونوم رايونىمىزدا ياڭاق ئاساسلىقى تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى پەس تاغلىق رايون قاتارلىق مۆتىدىل كلىماتلىق رايونلارغا تارقالغان بولۇپ، كۆلەمنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش پىكىر يولى بويىچە، ھەرقايسى جايلارنىڭ ياڭاق ئۆستۈرۈش كۆلىمى، مەھسۇلات سۈپىتى ھەم تەبىئىي مۇھىت شارائىتىغا ئاساسەن، ئەۋزەل رايونلار ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەندىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتىكى 20 ناھىيە، شەھەرگە نۇقتىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان. 2022 ـ يىلغا بارغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ياڭاق ئۆستۈرۈلگەن كۆلەم 5 مىليون 800 مىڭ مو ئەتراپىدا، ھوسۇلى 1 مىليون توننا ئەتراپىدا مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. 2025 ـ يىلغا بارغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ياڭاق ئۆستۈرۈلگەن كۆلەم 5 مىليون 800 مىڭ مو ئەتراپىدا، ھوسۇلى 1 مىليون 100 مىڭ توننا ئەتراپىدا مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ.

# مىللەتنىڭ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەيلى

## ـــ جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز

خەلق گېزىتى باش ماقالىسى

«ھەققانىيەت جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ! تىنچلىق جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ! خەلق جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ!» بۈگۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىق خاتىرە كۈنى، ھەققانىيەت رەزىللىك ئۈستىدىن غالىب كەلگەن، يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن غالىب كەلگەن، ئىلغارلىق ئەكسىيەتچىلىك ئۈستىدىن غالىب كەلگەن ئۇلۇغ خاتىرە كۈن، جۇڭگو خەلقى ۋە پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق تىنچلىقپەرۋەر دۆلەتلەر ۋە خەلقلەرنىڭ مۇھىم، زور بايرىمى.

«400 مىليون ئادەم كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن بىردەك غەيرەتكە كېلىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە جەڭگە ئاتلاندى». ئۇ، بىر مەيدان مىسلىسىز مۇشەققەتلىك بولغان تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تەشەببۇس قىلىپ قۇرغان ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ بايرىقى ئاستىدا، مەيلى يۈزمۇيۈز جەڭ مەيدانىدا بولسۇن ياكى دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى جەڭ مەيدانىدا بولسۇن، جۇڭگو خەلقى دۈشمەنگە قارشى بىر سەپتە تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى يېڭىشكە بىردەك ئاتلىنىپ، قان ۋە گۆشتىن پۈتۈلگەن تېنى بىلەن مىللەتنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزدىغان، مىللەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغدايدىغان پولات سېپىل قۇرۇپ، ھاياتى ۋە ئىسسىق قېنى بىلەن جۇڭخۇا مىللىتى تارىخىدىكى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىقىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ سەھىپىسىنى پۈتتى. ئۇ مەيدان ئۇرۇشتا، جۇڭگو خەلقى مىللەتنىڭ غايەت زور قۇربانلىق بېرىشى ئارقىلىق دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ شەرق تەرەپتىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا تىرەك بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى ئۈچۈن جەڭ قىلىپلا قالماي، يەنە پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى ئۈچۈن جەڭ قىلدى. 14 يىل تىز پۈكمەي باتۇرانە كۆرەش قىلىش ئارقىلىق، جۇڭگو خەلقى ياۋۇزلۇقتا چېكىگە يەتكەن ياپون مىلتارىزمى تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، يېقىنقى زاماندىن بۇيان جۇڭگونىڭ تاشقى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇشتىكى بىرىنچى قېتىملىق تولۇق غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ ئۇلۇغ غەلىبە ياپون مىلتارىزمىنىڭ جۇڭگونى مۇستەملىكە قىلىش، قۇل قىلىش سۇيىقەستىنى ئۈزۈل ـ كېسىل بىتچىت قىلىپ، يېقىنقى زاماندىن بۇيان جۇڭگونىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇشتىكى كۆپ قېتىملىق جەڭدە ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇشتەك مىللەتنىڭ ئار ـ نومۇسىنى يۇيدى. بۇ ئۇلۇغ غەلىبە جۇڭگونىڭ دۇنيادىكى چوڭ دۆلەتلىك ئورنىنى قايتىدىن تىكلەپ، جۇڭگو خەلقىنى دۇنيادىكى تىنچلىقپەرۋەر خەلقلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتۈردى. بۇ ئۇلۇغ غەلىبە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى ئاچتى، قەدىمىي جۇڭگونىڭ سۇمۇرغنىڭ ئوتتا تاۋلىنىپ قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىش يېڭى مۇساپىسىنى ئاچتى. بۇ ئۇلۇغ غەلىبە يەنە جۇڭگو خەلقىنىڭ دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىگە، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشقا قوشقان مۇھىم، زور تۆھپىسى.

ئىلگىرىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، كېيىنكى خىزمەتلەردە ئۈلگە قىلىش كېرەك. بۈگۈنكى دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان زور ئۆزگىرىش بولماقتا، دۆلىتىمىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرماقتا، پارتىيەمىز خەلقنى يېتەكلەپ نۇرغۇن يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارماقتا.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شىنجاڭ ياخشى جاي

# پۈتۈن شىنجاڭدىكى دالا مەنزىرە رايونلىرى ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىلدى

## ئۆلكە ھالقىپ ساياھەت قىلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى



9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ساياھەتچىلەر قاناس مەنزىرە رايونىدا سەيلە قىلماقتا. □ شۈ گۋاڭجيەن فوتوسى

گېزىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال خەۋىرى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئالتاي شەھىرىدىكى جياڭجۈن تېغى قار تېيىلىش مەيدانىدا، شەھەر ئاھالىسى جاڭ يۈلىن بىلەن قار تېيىلىش ھەۋەسكارلىرى سۈنئىي قار يېيىلغان تېيىلىش يولىدا «ئۇچقاندەك تېيىلىپ»، سۈنئىي قار تېيىلىشتىكى سۈرئەت ۋە ھاياجاندىن قانغۇچە ھۇزۇرلاندى. 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن باشلاپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى بارلىق دالا ساياھەت مەنزىرە رايونلىرى كەڭ ساياھەتچىلەرگە ئېچىۋېتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر) ھالقىپ ساياھەت قىلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دالا مەنزىرە رايونلىرىنى ساياھەتچىلەرگە ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىش ۋە ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر) ھالقىپ ساياھەت قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى ئېلان قىلدى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى مەنزىرە رايونلىرى، ساياھەت كوپېراتىپلىرى قاتارلىق ساياھەتكە ئالاقىدار كارخانىلار ئالاقىدار تەلەپلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، مەنزىرە رايونلىرىنى سەيلە قىلىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شىنجاڭ قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتى 8 ـ نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 1 ـ قېتىملىق دائىمىي كېڭەش يىغىنى ئېچىلدى

# تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ قوشۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ يۈنمېي خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، شىنجاڭ قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتى 8 ـ نۆۋەتلىك كېڭەشىنىڭ 1 ـ قېتىملىق دائىمىي كېڭەش يىغىنى تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شىنجاڭ قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا جۇڭگو قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتى دائىمىي كېڭىشى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى؛ «شىنجاڭ قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئىككى ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

## كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن ئىككى يۇقۇملانغۇچىنى تىببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن خەۋەر قىلىدۇ: گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تىببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئىككى ئاغرىق دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ما يىنىڭ خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) دىكى شىنجاڭ پارلاق گىلەمچىلىك كەسپىي ئۆلگە كۆرسىتىش باغچىسى تۇرىدە دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، قۇرۇلۇش قىلىش توختاپ قالمىدى. نۆۋەتتە بەش بىنا گەۋدىسى ۋە زاۋۇت ئۆيى قەد كۆتۈردى، ئىككى سىخ، ئىشخانا بىناسى قاتارلىقلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى پۈتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، گىلەم زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشمۇ چىڭ تۇتۇپ ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.

نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

بايىنغولىن ئوبلاستى:

# 100 مۇھىم، زور تۈردە مەركەزلىك ئىش باشلىدى

بايىنغولىن ئوبلاستى مۇخبىرلار پونكىتىدىن جاڭ خۇيجياڭ خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ساياھەتچىلەر يىغىلىش ـ تارقىلىش مەركىزى تۈر قۇرۇلۇشى نەق مەيدانىدا، قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى، قۇرۇلۇش ئاپتوموبىللىرىنىڭ ھەممىسى مەيدانغا كىرىپ، ئاساس سىمى تارتىش ۋە قېلىپ تىرەكى ئورنىتىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى، قېزىش ماشىنىلىرى، قاچىلاش ماشىنىلىرى موكىدەك ئۆتۈشۈپ، قاينام ـ تاشقىنلىق مەنزىرە بارلىققا كەلگەنىدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتايلى

سۆز ھەممىگە

□ فەن خۇيخى

چوڭ تىپتىكى سودا سارايى، تاللا بازارلىرىدىكى تاۋارلار كۆزنى قاماشتۇراتتى، خېرىدارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى؛ يولدا ئاممىۋى ئاپتوبۇسلار، شەخسىي ئاپتوموبىللار ئادەتتىكىگە ئوخشاش موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى... بىزگە تونۇشلۇق بولغان ئۈرۈمچى يەنە قايتىپ كەلدى. قاينام ـ تاشقىنلىققا تولغان بۇ مەنزىرە ھازىر پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ باسقۇچلۇق نەتىجە ـ ئۈنۈمىنىڭ يەنىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش باسقۇچىغا كىرىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ تېز ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى دەلىللىدى.

بۇ نەتىجىلەر تەستە قولغا كەلدى، جاپا ـ مۇشەققەتتە قولغا كەلدى، بىز چوقۇم ھەسسىلەپ قەدىرلىشىمىز، بىخۇدلۇق ئىدىيەسى، ئۇرۇشتىن بىزار بولۇش كەيپىياتى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)